ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

# «يۇقۇم»غا قارشى جەڭدە، ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئىللىقلىقتا تولغان ياردىمى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ مەيدانىدا، ئۇلار ئەزەلدىن تونۇشمىسىمۇ، لېكىن مېھىر ـ مۇھەببەت كۆپچىلىكنىڭ «زىمىستان قىش»تا قول تۇتۇشۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا، ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر ئاددىي كىشىنىڭ پىدائىي ھەرىكىتى، ئىللىقلىقتا تولغان ياردىمى، غەمخورلۇق قىلىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىشىدەك ھېكايىلەر «قىش»نىڭ قاتتىق سوغۇقىنى ھەيدەپ، باھارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى چاقىرماقتا.

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونى تيانشان شىمالىي يولىدىكى بىر تېببىي كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ خىزمەتچىسى لى داچىن سىرتقا تاماق توشۇغۇچى ئېلىپ كەلگەن ئالاھىدە سوۋغات ـــ شاكىلاتنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇنى قالدۇرۇپ كۆزىتىلگۈچى يۇ ئەپەندى سوۋغا قىلغانىدى. «ئۇلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەر كۈنى بىزنى تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش، بەدەن تېمپېراتۇرىمىزنى ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، بىزگە ياردەم قىلىپ قىيىنچىلىق، تەلەپلىرىمىزنى ھەل قىلىپ بەردى. مەن قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي، بۇيرۇتما سۇپىسىدىن شاكىلات بۇيرۇتۇپ رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم» دېدى يۇ ئەپەندى. «بىز ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 سائەت خىزمەت قىلىمىز، ئون نەچچە سائەت مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ تۇرىمىز. قالدۇرۇپ كۆزىتىلىدىغانلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلىسەك، ھەرقانچە چارچىساقمۇ ئەرزىيدۇ» دېدى لى داچىن.

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سائەت 8دە، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى دوستلۇق شىمالىي يولى تەۋەلىك رايونى تەيخۇا مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى ما لياڭلياڭ بالدۇرلا مەھەللە ئاشخانىسىغا كەلدى. كۆكتات يۇيۇش، كۆكتات تەييارلاش... بىردەمدىلا، مول ناشتىلىق تەييار بولدى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، تەيخۇا مەھەللىسىدىكى 27 نەپەر تىجارەتچى، ئاھالە ئۆزلۈكىدىن مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ھەرىكەت ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇلار مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئېھتىياجلىق ئاھالىلەرگە كۆكتات، تاماق يەتكۈزۈپ بەردى، ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان ئاشپەز ما لياڭلياڭ ئۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

«مەھەللە خىزمەتچىلىرى كېچە ـ كۈندۈز بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ، مەن ئارتۇقچىلىقىمنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئەتىگەن ـ كەچتە ئىسسىق تاماق يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچى بولدۇم» دېدى ما لياڭلياڭ.

«بىزنىڭ يېرىم كېچىگىچە ئالدىراش يۈرۈپ ئۆيىگە قايتالمىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، تەۋەلىك رايوندىكى مېھمانخانا يەنە ئارام ئېلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى ھەقسىز ياتاق بىلەن تەمىنلىدى. كۆپچىلىكنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشى بىزگە تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئاتا قىلدى!» دېدى تەيخۇا مەھەللىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى فۇ سۇۋېن.

ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى شگۇ يېزىسىنىڭ خۋاشۇلىن مەھەللىسىدىكى كوچا باشلىقى لى چاۋجۇن شۇ جايدا نامى چىققان قىزغىن ئادەم ئىدى. مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشتا ئادەم كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ دېزىنفېكسىيە سۈيۈقلۇقى پۈركۈش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەھەللىگە ۋاقتىدا بېرىپ، مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، ماسكا تاقاپ، دېزىنفېكسىيەلەش ئۈسكۈنىسىنى يۈدۈپ، كۈنبويى ئالدىراش ئۆتمەكتە. «1 + 1 > 2، بىر نىيەتتە ھەمكارلاشساق، ئۆتكىلى بولمايدىغان يالقۇنتاغ يوق!» دېدى لى چاۋجۇن.

غۇلجا ناھىيەسى خۇدىيايۈزى بازىرىنىڭ تۆۋەنكى خۇدىيايۈزى كەنتىدە، قىزىل جىلتىكلىق پىدائىيلارنىڭ سىماسى بىر يارقىن مەنزىرىگە ئايلانغانىدى. «كۆپچىلىك قانداق تۇرمۇش بۇيۇملىرى، دورىغا ئېھتىياجلىق بولساڭلار، بىزگە يۈزتۇرا ياكى تېلېفون بېرىپ ئېيتساڭلار بولىدۇ، بىز كۆپچىلىك ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز.» 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، پىدائىي مېھرىنىسا ھاشىم بىلەن گۈزەلنۇر نەبىجان تولۇق غەيرەتكە كېلىپ كوچا ـ كويىلارنى ئارىلاپ توۋلاۋاتاتتى. تونۇلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان كەنت ئاھالىسى پاتىمە قەمەردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، يۇقىرى قان بېسىم دورىسى ۋە ئاشقازان دورىسى سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مېھرىنىسا بىلەن گۈزەلنۇر دەرھال شىپاخانىغا بېرىپ ئۇنىڭغا دورا سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەردى. «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش باشلانغاندىن بۇيان مەن ئاساسەن سىرتقا چىقمىدىم، دورا سېتىۋېلىشتىن غەم قىلىۋاتقىنىمدا، قىزىل جىلتىكلىق قىزلار پەيدا بولۇپ، ماڭا چوڭ ياردەم قىلدى» دېدى پاتىمە.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جۈنخۇا، سۇ لۇپىڭ، جاڭ يۆ، رابىدە، جەزىرە نىسپىبېك، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لى مىڭجۈ يازغان، رەتلىگەن)**

مۇداپىئەلىنىش كۆرسەتمىسى

مۇتەخەسسىس مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى:

# ئايرىۋېتىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستە

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۇ شى** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇم ئالدىدا، نېمە ئۈچۈن ئاڭلىق ئايرىلىپ تۇرۇش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز؟ قويۇق ئۇچراشقان قايسى كىشىلەرنى ئايرىۋېتىش كېرەك؟ ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى مۇدىر ۋىراچى نى مىڭجيەن مۇنداق چۈشەندۈردى: نۆۋەتتە ئۈنۈملۈك قاراتمىلىق دورا بولمىغان ئەھۋالدا، ئايرىۋېتىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.

نى مىڭجيەن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئايرىۋەتكەندە تارقىلىشچان كېسەلنى تارقىلىش مەنبەسىدىن ئۈزۈۋەتكىلى بولىدۇ. نەپەس يولى قاتارلىق ئالاھىدە تارقىلىشچان كېسەل گۇمانىي ئاغرىقلىرى بايقالغاندا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارقىلىشچان كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى»غا ئاساسەن، قويۇق ئۇچراشقانلارنى چوقۇم قانۇن بويىچە ئايرىۋېتىش كېرەك. شۇڭا، ئاڭلىق ئايرىلىپ تۇرۇش بارلىق پۇقرالار جەزمەن ئۆتەشكە تېگىشلىك قانۇنىي مەجبۇرىيەت.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرى بىلەن قويۇق ئۇچراشقانلار دېگەندىلىك گۇمانىي ئاغرىق مىسالى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، يېنىك ئاغرىق مىساللىرىدا كېسەل قوزغالغاندىن كېيىن، كېسەللىك ئالامىتى يوق يۇقۇملانغۇچى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن مۇسبەت بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئۇچرىشىش ئەھۋاللىرىنىڭ بىرى بولغان، لېكىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئەلەنمىگەنلەرنى كۆرسىتىدىكەن: 1. بىللە تۇرۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت قىلىش ياكى باشقا قويۇق ئۇچراشقان كىشىلەر، مەسىلەن: يېقىن ئارىلىقتا خىزمەت قىلىش ياكى بىر سىنىپ ۋە ياكى بىر ئۆيدە ياشاش، ياكى يىغىلىپ تاماق يېيىش، يىغىلىش قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلگەنلەر؛ 2. دىياگنوز قويۇلغان ـ داۋالانغان، پەرۋىش قىلغان، ئاغرىقلارنى يوقلىغان تېببىي خادىملار، ئاغرىقنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ياكى باشقا ئوخشاش تۇردىكى يېقىن ئارىلىقتا ئۇچراشقان كىشىلەر، مەسىلەن: يېپىق مۇھىتتا ئاغرىقنى يوقلىغان ياكى تۇرۇپ قالغان، بىر كېسەلخانىدىكى باشقا ئاغرىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشىلەر؛ 3. بىر قاتناش قورالىغا ئولتۇرغان ھەم يېقىن ئارىلىقتا ئۇچراشقان كىشىلەر، جۈملىدىن قاتناش قورالىدىكى ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى پەرۋىش خادىملىرى، ھەمراھ بولغان كىشىلەر (ئائىلىسىدىكىلەر، خىزمەتداشلىرى، دوستلىرى قاتارلىقلار)، ياكى تەكشۈرۈپ باھالىغاندىن كېيىن يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىش ئېھتىمالى بولغان ئاغرىق مىسالى(گۇمانىي ئاغرىق مىسالى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى) ۋە يۇقۇملانغۇچىلار (يېنىك ئاغرىق مىسالى، كېسەللىك ئالامىتى يوق يۇقۇملانغۇچىلار) بايقالغان باشقا يولۇچىلار ۋە قاتناش ۋاستىلىرى خادىملىرى؛ 4. نەق مەيداندا تەكشۈرگۈچى خادىملار تەكشۈرگەندىن كېيىن، باھالاش ئارقىلىق، ئەھۋالى باشقا قويۇق ئۇچراشقۇچىلار بىلەن ئۇچراشقانلارغا ماس كېلىدۇ، دەپ قارالغان كىشىلەر.

مۇتەخەسسىسنىڭ قارىشىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە، قويۇق ئۇچراشقانلارنى ئايرىۋېتىش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يوشۇرۇن مەزگىلدىكى بەزى يۇقۇملانغۇچىلار، يوشۇرۇن يۇقۇملانغۇچىلار، يېنىك دەرىجىدە يۇقۇملانغۇچىلار بەلكىم ئۆزىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئىكەن ھەم روشەن كېسەللىك ئالامىتىمۇ كۆرۈلمەيدىكەن، ئەگەر ئايرىۋېتىلمىسە، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە خىزمەتداشلىرىغا يۇقتۇرىدىكەن، ھەتتا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقىلىدىكەن.

نى مىڭجيەن مۇنۇلارنى مۇراجىئەت قىلدى: يۇقۇم ئالدىدا، بىز ھەم تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، شۇنداقلا مەسئۇلىيەت ئورتاق گەۋدىسى. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن ھەممە ئادەم ئاسان يۇقۇملىنىدۇ، كېسەللىك ئالامىتى يوق يۇقۇملانغۇچىلارنى پەرق ئېتىش قىيىن، ھەربىر مەسئۇلىيەتچان، مېھرىبان پۇقرا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش زەنجىرىدىكى بىر ھالقا. كۆپچىلىك سىرتقا چىقىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتىسىلا، ئايرىۋېتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يىغىلىشىنى ئازايتىپ، تارقىلىش خەۋپىنى ئازايتقاندىلا، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى زور دەرىجىدە توسۇپ قالغىلى بولىدۇ، بۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوللىغانلىق.

# قىزىپ قالسىڭىز ھودۇقماڭ، دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەندە قېلىپلاشقان يېتەكلەشكە بويسۇنۇڭ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئېغىزىدا بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئالدىن ئۆلچەش ـــ قىزىپ قالمىغان ئاغرىقلار ئامبۇلاتورىيەگە كىرىپ ئالدىن تەكشۈرتۈپ ئايرىپ دىياگنوز قويدۇرۇش، قىزىپ قالغان ئاغرىقلار قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە كىرىپ، قېلىپلاشقان تەرتىپ بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈش، مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىش ـــ گۇمانىي ئاغرىقلار ئايرىم كېسەلخانىغا ئايرىۋېتىلىپ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۈتۈش... 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مۇخبىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، بۇ دوختۇرخانىنىڭ ھەرقايسى كېسەل كۆرۈش ئۆيلىرى ۋە قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىدە خىزمەتلەرنىڭ قېلىپلىشىپ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئېغىزىدىكى بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدىكەن. بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورمال بولسا، ئامبۇلاتورىيە بىناسىغا كىرىپ ئالدىن تەكشۈرۈش ـ ئايرىپ دىياگنوز قويۇش ئورنىدا ئۇچۇرنى تىزىملايدىكەن ھەم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئۆلچەيدىكەن، قىزىپ قالمىغانلار كېسىلىگە قارىتا مۇناسىپ بۆلۈمگە بېرىپ كېسىلىنى كۆرسىتىدىكەن. ئەگەر قىزىپ قالغان ئاغرىق بولسا، دەرھال سول تەرەپتىكى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە كىرگۈزۈلىدىكەن. قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى بۇ دوختۇرخانا ئايرىم ئاجراتقان ئىككى قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، بىرىنچى قەۋەتتى ئامبۇلاتورىيە رايونى ۋە تېببىي خادىملار يولى قىلىپ ئايرىلغان، ئىككىنچى قەۋەتتى قالدۇرۇپ كۆزىتىش ـ داۋالاش رايونى قىلىپ ئايرىلغان. قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ ئالدىن تەكشۈرۈش ئورنىدا، دوختۇر قىزىپ قالغان ئاغرىقنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىك تارىخى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى سوراپ، بويۇن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدىكەن ھەم تىزىملايدىكەن.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لىيې ۋېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مۇناسىۋەتلىك يۇقۇم رايونى بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى بولمىغان ھەم كېسەللىك سەۋەبى ئېنىق بولغان قىزىپ قالغان ئاغرىقلارنى دوختۇر ئادەتتىكى ئامبۇلاتورىيەگە ياكى جىددىي داۋالاش بۆلۈمىگە بېرىپ كېسىلىنى كۆرسىتىشكە يېتەكلەيدۇ؛ ئەگەر يۇقۇم رايونى بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى بولمىغان، لېكىن قىزىپ قېلىش سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ياكى قىزىش، يۆتىلىش قاتارلىق نەپەس يولى سىستېمىسى كېسەللىك ئالامەتلىرى بولغان، مۇناسىۋەتلىك ئۇچرىشىش تارىخى بولغان ئاغرىقلارنى دوختۇر ئايرىۋېتىش كېسەلخانىسىغا يۆتكەپ، كېيىنكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بارىدۇ.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئەگەر يۇقۇم رايونى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئاغرىقلار بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى بولغان، قىزىش، يۆتىلىش قاتارلىق نەپەس سىستېمىسى كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن، لېكىن ھەزىم قىلىش سىستېمىسى قاتارلىق باشقا كېسەللىك ئالامەتلىرى بارلار ياكى كېسەللىك ئالامىتى بولمىغان مەسلىھەت سورىغۇچىلار بولسا، دوختۇرخانا مۇداپىئە تەدبىرى كاپالەتلىك ئاساسىدا ئايرىم رايوندا ئايرىپ دىياگنوز قويۇپ داۋالايدىكەن؛ ياكى ئۇچۇرلىرىنى ياخشى تىزىملاپ، ئائىلىسىدە ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدىكەن ھەم ھەر ۋاقىت ئەھۋال ئىگىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىكەن. ئەگەر قىزىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە قىزىش تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىكەن.

قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى بىرىنچى قەۋىتىنىڭ سول تەرىپىدە ئالتە كېسەل كۆرۈش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، قان تەكشۈرۈش ھەم كۆكرەك قىسمىنى سۈرەتكە ئېلىش، سىنغا ئېلىش، شىندىيەنتۇ قاتارلىق تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرىنچى قەۋەتتە تاماملىغىلى بولىدىكەن. ئوڭ تەرەپتە دوختۇر ئىشخانىسى ۋە تېببىي خادىملار يولى بولۇپ، تېببىي خادىملار ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرىپ ئايرىش كىيىمىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئاغرىقلار رايونىغا كىرىدىكەن. قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتى يالغۇز كىشىلىك كۆزىتىش ئۆيى بولۇپ، ئېلىپ قېلىپ كۆزىتىلىدىغان ئاغرىقلار بۇ يەردە مۇناسىۋەتلىك داۋالاشنى قوبۇل قىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۈتىدىكەن.

«كۆكرەك لېنتىسى ۋە قان تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، دوختۇر ئاغرىقنى قالدۇرۇپ كۆزىتىش ياكى كۆزەتمەسلىكنى بېكىتىدۇ ھەم ئۇنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرىدۇ.» لىيې ۋېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان بىرمۇ ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دوختۇرخانا نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مەنپىي چىققان ئاغرىقنى ئېلىپ قېلىپ كۆزىتىدۇ، 24 سائەتتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، يەنە بىر قېتىم مەنپىي ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن كۆزىتىشنى بىكار قىلىدۇ، بۇ چاغدا دوختۇرخانا مەھەللە بىلەن ئالاقىلىشىپ ئائىلىسىدە داۋاملىق 14 كۈن ئايرىلىپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان ئاغرىقنى دەرھال كېسەللىكنى كونترول قىلىش تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىدۇ ھەم تېزدىن مەركەزلەشتۈرۈپ يىغىپ داۋالايدىغان نۇقتىلىق دوختۇرخانىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ داۋالىشىغا ئايرىپ بېرىدۇ.

«قالدۇرۇپ ئايرىپ كۆزىتىش مەزگىلىدە، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپى كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن، ئاغرىقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يوقلاپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شۇڭا، دوختۇرخانا مەخسۇس تېببىي داۋالاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، ئېلىپ قېلىپ كۆزىتىلىۋاتقانلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، دورا ئېلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، كۆپچىلىك ئېلىپ قېلىپ كۆزىتىش مەزگىلىدىكى تۇرمۇش مەسىلىسىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ.» لىيې ۋېي مۇنداق دېدى: دوختۇرخانا پۈتۈن كۈن دوختۇرخانىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاغرىققا بىخەتەر داۋالىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

مۇتەخەسسىس مۇنداق ئەسكەرتتى:

# ماسكا تاقاشتا ئىلمىي، تېجەشلىك بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: ماسكا تاقىغاندا، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، مۇتەخەسسىس مۇنداق ئەسكەرتتى: ئاددىي ئامما ماسكىنى بىر قېتىم تاقاپلا ئالماشتۇرمىسىمۇ بولىدۇ، ماسكىنى ئىلمىي، تېجەشلىك تاقاش كېرەك.

«سىرتقا چىققاندا ماسكا تاقاش، ئۆيگە كىرگەندە قولنى يۇيۇپ تۇرۇش» ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى، بىراق نۇرغۇن كىشى نەگىلا بارسا ماسكا تاقىۋالىدىغان، بەزىلەر يالغۇز ئاپتوموبىل ھەيدىگەندىمۇ ياكى ئۆيدە ئولتۇرغاندىمۇ ماسكا تاقىۋالىدىغان بولدى. شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا يۇقۇملۇق كېسەللەر 1 ـ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاڭ لى مۇنداق چۈشەندۈردى: ماسكا تاقاشتا، ئالدى بىلەن شۇ كىشىدە كېسەللىكنىڭ بايقىلىش خەتىرى ئويلىشىلغان. ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا ياكى ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا، جەزمەن ماسكا تاقاش كېرەك. يالغۇز تۇرغاندا ۋە ئادەملەر بىلەن قويۇق ئۇچراشمىغان ئەھۋالدا، ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ.

تاڭ لى مۇنداق تەكلىپ بەردى: يۇقۇم رايونىدىن باشقا رايونلاردىكى ئوچۇقچىلىق ھەم ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سورۇنلاردا ماسكا تاقاش ھاجەتسىز، ئادەملەر كۆپ يىغىلمايدىغان ئاممىۋى سورۇنلاردا، داۋالاشتا بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدىغان ماسكىنى تاقىسا بولىدۇ. يۇقۇم كۆپ يۈزبەرگەن رايونلاردىكى ئوچۇقچىلىق ھەم ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سورۇنلاردا داۋالاشتا بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان ماسكا تاقىسا بولىدۇ؛ ئادەملەر زىچ ياكى يېپىق ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرگەندە، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان تاشقى كېسەللەر ماسكىسى ياكى دانچە ماددىلاردىن مۇداپىئەلىنىش ماسكىسىنى تاقاش كېرەك.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ بىۋاسىتە ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان تېببىي خادىملارنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، قەتئىي ھالدا دوختۇرخانىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ماسكا ۋە باشقا ئۆز مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرىنى تاقىشى كېرەك.

تاڭ لى مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئاددىي كىشىلەر ماسكىنىڭ پاكىز ـ مەينەتلىكىگە ئاساسەن ئالماشتۇرۇش ياكى ئالماشتۇرماسلىقنى بېكىتىپ، ماسكىنى تاقاش قېتىم سانىنى بىخەتەر، مۇۋاپىق ئۇزارتسا بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان تاشقى كېسەللەر ماسكىسى ۋە داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان N95 ماسكىسىنىڭ ھەممىسى بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان ماسكا، بىراق لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دوختۇرخانىغا، چوڭ تىپتىكى تاللا بازىرىغا ياكى گۇمانىي كېسەللەر بىلەن ئۇچرىشىش قاتارلىق خەتىرى يۇقىرى سورۇنلارغا بارمىسىلا، ئاددىي كىشىلەرنىڭ مۇداپىئە ماسكىسىنى بىر قېتىم تاقاپلا تاشلىۋېتىشى ھاجەتسىز، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تاقىسا تامامەن بولىدۇ. ئايلىنىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماسكىنى قۇلاق سۈپۈرسىدىن ئىككى قولى بىلەن ئېلىۋېتىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان مۇھىتتا ماسكىدىكى سۇ تەركىبىنى تەبىئىي قۇرۇتۇپ ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سىرتقى قەۋەتتە باكتېرىيە توپى يىغىلىۋېلىشىدىن ساقلانسىلا، يەنە بىر قېتىم ئۆزى تاقىسا بولىدۇ.

تاڭ لى مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغان ئەھۋالدا، ئاۋام ماسكىنى ئىلمىي، تېجەشلىك تاقاپ، ھەربىر ماسكىنىڭ ئەڭ زور ئۈنۈملۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئاددىي ئامما ئادەتتە N95 ماسكىسىنى تالىشىپ سېتىۋالمىسىمۇ بولىدۇ، چەكلىك N95 ماسكىسى ئارقىلىق ئالدى بىلەن تېببىي خىزمەتچىلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك!